# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报　شىنجاڭ گېزىتى

2020- يىل 1- ئاي
23
پەيشەنبە
维吾尔文 1 月23日

新疆日报网: www.xjdaily.com　شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W : مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24949- سان　بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ ئايرىم- ئايرىم ھالدا فىرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون، گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن تېلېفونلاشتى

### شى جىنپىڭ بىلەن ئىتالىيە زۇڭتۇڭى ماتارېللا ئايرىم- ئايرىم ھالدا 2020 «جۇڭگو- ئىتالىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت يىلى»نىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

2- بەتتە

# مەركەزدىكى رەھبىري يولداشلار پېشقەدەم يولداشلارنى يوقلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1- ئاينىڭ 22- كۈنى تېلېگراممىسى** چاغاد-
نىڭ ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتى-
يەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجى-
سى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي
كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قاتارلىق
پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئايرىم-
ئايرىم ھالدا جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ،
جۇ رۇڭجى، لى رۇيخۇەن، ۋۇ باڭگو،
ۋېن جياباۋ، جيا چىڭلىن، جاڭ دېجياڭ،
يۈ جېڭشېڭ، سۇڭ پىڭ، لى لەنچىڭ،
زېڭ چىڭخۇڭ، ۋۇ گۈەنجېڭ، لى چاڭچۈن،
لو گەن، خې گوچياڭ، ليۇ يۈنشەن،
جاڭ گاۋلى ۋە تيەن جىيۈن، چى خاۋتيەن،
جياڭ چۈنيۈن، ۋاڭ لېچۈەن، ۋاڭ جاۋگو،
خۇي لياڭيۈ، ليۇ چى، ۋۇ يى، ساۋ گاڭچۈەن،
زېڭ پېييەن، ۋاڭ گاڭ، ليۇ يەندۇڭ،
لى يۈەنچاۋ، ما كەي، لى جيەنگو،
فەن چاڭلۇڭ، مېڭ جيەنجۇ، گو جىنلۇڭ،
ۋاڭ خەنبىن، خې يوڭ، دۇ چىڭلىن،
جاۋ خۇڭجۇ، ۋاڭ بىڭچيەن، زۇ جياخۇا،
پېڭ پېييۈن، جوۋ گۇاڭجاۋ، ساۋ جى،
لى تيېيىڭ، خې لۇلى، شۇ جيالۇ،
جياڭ جېڭخۇا، گۇ شيۇليەن، رې دى،
شېڭ خۇارېن، لۇ يۇڭشياڭ، ئۇيۇنچىمۇگې،
خۇا جيەنمىن، چېن جىلى، جوۋ تيېنۇڭ،
ئىسمائىل تىلىۋالدى، جياڭ شۇشېڭ،
ساڭ گوۋېي، ۋاڭ شېڭجۈن، چېن
چاڭجى، يەن جۈنچى، جاڭ پىڭ، شياڭبا
پىڭسو، جاڭ باۋۋېن، تاڭ جياشۈەن،
لياڭ گۇاڭلىې، دەي بىڭگو، چاڭ
ۋەنچۈەن، خەن جۇبىن، جيا چۈنۋاڭ،
رېن جيەنشىن، سۇڭ جيەن، چيەن
جېڭيىڭ، خۇ چىلى، ۋاڭ جۇڭيۈ،
لى گۈيشيەن، جاڭ سىچىڭ، جاڭ كېخۇي،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

### ئاپتونوم رايون پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئىزچىللاشتۇردى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئالدىنى ئېلىش- تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ
تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1-
ئاينىڭ 21- كۈنى، ئاپتونوم رايون پارتىيە
كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن)
يىغىنى ۋە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە
سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ
يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇ-
قۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى توغرىسىدا
بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەت-
كۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى،
پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى
ئېلىش- تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق
قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم
رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى
چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.
يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش
شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىس-
مان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە
ياللۇغى يۇقۇمى توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم
يوليورۇقىدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-
تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە
ئېنىق تەلەپ قويدى، بۇ باش شۇجى
شى جىنپىڭنىڭ خەلقنىڭ داھىيسى خەلقنى
سۆيىدىغان خەلقچىل مېھىر- مۇھەببىتىنى
تولۇق نامايان قىلىپ بەردى، يولداش
شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەرك-
ىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھايا-
تىي بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بې-
رىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ
بەردى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ،
«تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى
قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي
تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى
شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا
بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كو-
مىتېتىنىڭ تەدبىر- ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىر-
لىككە كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-
تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن
ياخشى ئىشلەش كېرەك.
بىرىنچىدىن، يۈكسەك ئەھمىيەت
بېرىش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان
خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي
ھالدا خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەر-
لىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئو-
رۇنغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش-
تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش-
نىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

# ئاپتونوم رايون 2020- يىللىق چاغانلىق كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى　شۆھرەت زاكىر سۆز قىلدى

شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى



1- ئاينىڭ 22- كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت 2020- يىللىق چاغانلىق كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر قاتارلىقلار ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن خۇشال- خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، چاغاننى بىرلىكتە تەبرىكلەپ، كاتتا بايرامنى بىللە ئۆتكۈزدى.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ
تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1-
ئاينىڭ 22- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتو-
نوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈ-
مەت 2020- يىللىق چاغانلىق كوللېكتىپ
مۇبارەكلىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتو-
نوم رايون رەھبەرلىرىدىن چېن چۈەنگو،
شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان
ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قا-
تارلىقلار ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللى-
رى بىلەن خۇشال- خۇرام بىر يەرگە جەم
بولۇپ، چاغاننى بىرلىكتە تەبرىكلەپ،
كاتتا بايرامنى بىللە ئۆتكۈزدى.
كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنى
باشلىنىشتىن بۇرۇن، چېن چۈەنگو،
شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان
ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قا-
تارلىقلار ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللى-
رى بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈ-
شۈپ، ئۆزئارا بەخت تىلىشىپ، چاغاننى
تەبرىكلىدى.
ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى-
نىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو كوللېكتىپ
مۇبارەكلىشىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك
قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتې-
تى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي
كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى،
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش
بىڭتۈەنىگە ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئاپتونوم
رايوندىكى ھەر مىللەت ئىشچىلار، دېھقان-
چارۋىچىلار، زىيالىيلار، كادىرلار ۋە
ھەر ساھە زاتلارىغا، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر-
جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىت-
سېر- ئەسكەرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى

(ئاخىرى 3- بەتتە)

# 2019- يىلى شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.2% ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن**
1- ئاينىڭ 22- كۈنى ئېچىلغان 2019-
يىللىق شىنجاڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈ-
شۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخبارات
ئېلان قىلىش يىغىنىدىن مۇنۇلارنى ئىگىلىدى:
دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ بىرتۇتاش
ھېسابات قىلىشىچە، 2019- يىلى شىنجاڭنىڭ
رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى
1 تىرىليون 359 مىليارد 711 مىليون يۈەنگە
يېتىپ، مۇقىم باھا بويىچە ھېسابلىغاندا،
ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.2% ئاشقان.
ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە
ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم
رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى پارتىيە
گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى
شۇ بىن مۇنداق دېدى: 2019- يىلى،
مۇرەككەپ، كەسكىن بولغان دۆلەت
ئىچى- سىرتى ۋەزىيىتى ۋە سىجىل ئې-
شىۋاتقان ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى
ئالدىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقىرىدىن
تۆۋەنگىچە دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق

(ئاخىرى 4- بەتتە)

# ئاۋا خەلقى يېڭى ناخشا ئېيتىدۇ

### —— شى جىنپىڭ يۈننەندىكى ۋازۇلار كەنتىگە بېرىپ خەلق تۇرمۇشىنى ئىگىلىدى، چاغاننى تەبرىكلىدى

□ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي خەلق گېزىتى مۇخبىرلىرى دۇ شاڭزې، يۈ شياۋچياۋ**

قىش كۈنى چۈشتىن كېيىنكى قۇياش نۇرى ئىللىق ھەم يېقىشلىق بولۇپ، رەتلىك، پاكىز دېھقانلار ھويلىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. قەۋەتلىك كىچىك ياغاچ ئۆيلەرگە ئېسىلغان ئالتۇن رەڭلىك كۆممىقوناقلار مول ھوسۇل مەنزىرىسىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

بىر چاسا ئۈستەل، بىرقانچە پاكار ئورۇندۇق. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆي ئىگىسى لى فاشۈن ئائىلىسىدىكى ئائىلە جان بىلەن بىللە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدا پاراڭلاشتى، بەختلىك تۇرمۇش ھەققىدە ئەركىن تەسىۋۋۇر قىلىشتى.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپسىلەر، يەنە ئۈستۈرۈشكە، ياخشىلاشقا تېگىشلىك قانداق ئېھتىياجىڭلار بار؟»

«جوڭلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى يەنىمۇ ياخشىراق ئۆتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئىككى بالام كەلگۈسىدە ياخشى خىزمەت تاپالىسىلا تولۇق قانائەتلەنگەن بولاتتىم».

كىچىك ھويلىدا خۇشال كۈلكە ساداسى ياڭرىدى، قەلبلەر ئىللىقلىققا تولدى...

چاغاننىڭ ئالدىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەخسۇس يۈننەنگە بېرىپ ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى. 1- ئاينىڭ 19- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ ئالدى بىلەن تېڭچۇڭ شەھىرى چىڭشۈي يېزىسى سەنجيا كەنتى جۇڭجەي سىمولا ۋازۇ كەنتىگە كەلدى.

ئاپتوموبىل ئوڭغۇل- دوڭغۇل تاغ يولىنى بويلاپ مېڭىپ بىر تاغ چوققىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن كۆز ئالدىمىز بىردىنلا يورۇپ كەتتى: تاغ باغرىدا قەۋەت- قەۋەت پەلەمپەي ئېتىزلار، ياپيېشىل كۆكتاتلىقلار، ھويلىدا ئېچىلغان قىچا گۈللىرى بار بولۇپ، سىمولا ۋازۇ كەنتىنىڭ كەنت دەرۋازىسى يېشىللىق ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

# ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلار، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى ۋە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار پارتىيە ئەزالىرى ۋەكىللىرىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى

**گېزىتىمىزنىڭ 1- ئاينىڭ 22-
كۈنى خەۋىرى** چاغاننىڭ ئالدىدا،
ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن
چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر،
شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن،
سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتارلىقلار
ئايرىم- ئايرىم ھالدا مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمايىل تىلى-
ۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش-
نىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت
ئابدۇرېشىت ۋە ھامىدىن نىياز، ئابدۇ-
رېھىم ھامىت، نەيىم ياسىن، بادەي،
جانابىل سماغۇل، ئەسقەت كەرىمباي،
جاڭ سىشۆ، جىن يۈنخۇي، قېيۇم باۋۇ-
دۈن، جاڭ شيۇمىڭ، ليۇ شۇاڭچۈەن،
ۋاڭ چۈەنيۇ، چېن دېمىن، فۇ چياڭ،
خۇا شىفېي، ماھنۇر قاسىم، تۆربايىر،
شيې فۇپىڭ، يۈسۈپ مۇھەممىدى،
خوجىخان ھاكىموف، ئامىنە غاپپار،
لى فېڭزى، خەلچەم ئىسلام، جاڭ خېڭ،
مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، ما
جيەنگو، دەلىلقان مامىقان، مەھتىمىن
زاكىر، ئاسانبېك تۇردى، دۇ چىنرۇي،
جاڭ گولياڭ، ئالپىسباي راقىم،
جۇجۇپ، مەھتىمىن ياسىن، جاپپار ھە-
بىبۇللا، تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، چيەن
جى، نىجات سۇلتان، ئىنام نەسرىدىن،
ھۆرنىگۇل جاپپار، جاڭ يى، دىيار
قۇماش، فېڭ داجېن، ۋېن كېشياۋ،
ۋۇ جياخې، ۋاڭ يۇۋسەن، يۈسۈپ
ئەيسا، شيې جېچياڭ، لى دۇڭخۇي،
غوپۇر ئابدۇللا، جاڭ گۈيتىڭ، جاڭ
يۈجۇڭ، پاشا ئىشان، ۋۇ دۇنفۇ،
شيۇڭ خۈيىن، ياۋ يۇڭفېڭ، جياڭ
شەن، سېرجې، جۇ جېنجۇڭ، شارىپقان
كېرىم، مەمەتجان ئەمەت، ليۇ ياۋخۇا،
قىزايجان سەلىقوجا، كې لى، مەمەتھە-
سەن توختالى، ئايۇپ تېيىپ، ماۋكەن
سېيىتقامزا، خۇاڭ چاڭيۈەن، ۋاڭ ۋېي،
بەي جىجې، ليۇ جيۇڭ، رىزۋان
ئەبەي، كادىرقان مىراسقان، لى
شياڭلىن، ليۇ يەنلياڭ، يۈ شيۇدۇڭ،
ئابدۇلېتىپ ئابدۇرېھىم، جاۋ يۈجېڭ،
ماۋ نەيشۈن، لو چۈەنيۈەن، لى
شۇجۈەن، جاڭ لىبو، بوتاي كوپېن،
فاڭ دېڭخۇا، قۇربان ئەرشىدىن، لى
شىنگۇاڭ، لەي سېيى، جۇ جيەنفەن،
خۇ جاۋجاڭ، تاڭ يۈنفۇ، ۋاڭ
جيەنجېن، كاڭ كېجيەن، مەھتىمىن ئاب-
دۇرېھىم، خۇا شى، جەي شياۋخېڭ،
ۋاڭ چۇڭجيۇ، لۇ گاڭ، ۋاڭ جىلياڭ،
لۇ شياۋفېڭ، چېڭ جياجۇ، شۇ ۋېيخۇا،
سۇڭ جيەنيې، ليۇ شياڭسۇڭ، سۇڭ
خاۋ، ياڭ فۇلىن، ئابلىز نىياز، گو
يۇڭخۇي، قۇربان روزى، روزى ئىس-
مائىل، مەمەت يۈسۈپ، قاسىم
ماموت، نىشان ئىبراھىم، چېن
جىنچى، جاۋ شياڭۋا، ۋاڭ جۈبېن،
يەن فېنشىن، لى گۈيماۋ، ياڭ
جاۋجى، گو ليەنشەن، جاڭ جىشۈن،
مەمەتروزى سەيپەر، جاڭ گۇاڭخەن،
دۇ خۇڭجيەن قاتارلىق پېشقەدەم يول-
داشلار ھەمدە يېڭى جۇڭگو قۇرۇ-
لۇشتىن ئىلگىرى پارتىيەگە كىرگەن
پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى، مەھەللىدى-
كى پېشقەدەم تاياقچ پارتىيە ئەزالىرى،

(ئاخىرى 3- بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团